ئە: ئۇمۇ يېڭى ئىشچى.

ئا: ئۇمۇ ئاتۇشلۇقما؟

ئە: ياق، ئۇ ئاتۇشلۇق ئەمەس، ئۇ كۇچالىق.

## ئالتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ئا: بۇ | كىتابلار<br>ژۇرناللار<br>قەلەملەر<br>دەپتەرلەر | قانداق؟ |
| ئە: بۇ | كىتابلار<br>ژۇرناللار<br>قەلەملەر<br>دەپتەرلەر | ناھايىتى ياخشى. |
| ئا: | دوستلار<br>مۇئەللىملەر<br>ساۋاقداشلار<br>ئۇلەرلەر | سالامەتمۇ؟ |

ئە: ھەئە، سالامەت



II

| | | |
|---|---|---|
| ئا: ئۇيغۇرچە | ژۇرنال<br>كىتاب | بار. |

ئە: قازاقچە ژورنال / كىتاب يوق.

ئا: ئۇيغۇرچە گرامماتىكا / لۇغەت بارمۇ؟

ئە: ئۇيغۇرچە گرامماتىكا / لۇغەت يوق. خىتايچە گرامماتىكا / لۇغەت بار.

### تېكىست

I

بۇ شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسى. بۇلار دەريا. بۇ دەريالار ناھايىتى ئۇزۇن. بۇ تارىم دەرياسى. ئاۋۇ تەكلىماكان چۆلى. ماۋۇلار تاغلار. بۇ تاغلار ناھايىتى ئېگىز ۋە ھەيۋەت. بۇلار شەھەر. ماۋۇ ئۈرۈمچى. ئۈرۈمچى ئىنتايىن گۈزەل شەھەر، شۇنداقلا يېڭى بىر شەھەر. ئۇ بىزنىڭ پايتەخت.



II

- دوستۇم، كۈتۈپخانا قايسى؟
- ئاۋۇ.
- ئەپەندىم، ئۇيغۇرچە « تارىم » ژورنىلى بار؟
- نەچچىنچى يىل، نەچچىنچى سان؟
- 2010- يىل. 1 – سان.
- بار، مانا.
- « تەڭرىتاغ » ۋە « بۇلاق » مۇ بارمۇ؟
- ئۇلارمۇ بار.